

﴿ کاشغر گزیته اداره سیده بیصلدی ﴾



# لاداخ يوليدا كاروان

ياكى

# مبارزهٔ حيات

(يول خاطره سى)

نچه پاتمان يوك يودوب كه‌زمك هملايا تيغين
منت هر بر لئيم دين بو بسى آسان ايرور .

احمد ضيائى

# سفر ارادەسی

بوخیل ئشلار بلەن شغللینش مقصدیم ایدەس ایکەن محیط حیاتنلق اوز گوروشچان تولقونلوق جریانی نەتیجەسیدە قەلبمدین سفر ارادەسی باش چقاردی.

یللار داوامیدا مدەنیت وە ادەبیات ئشـ لەری بلەن خوی ئالدیش بر طبیعتگە کاریـ والیپلق ئشلاریگە کیریشیب حیوانلارنی ایدارە قلش نلق ئوچون سزیلشی طبیعی بولسومو ایـ کن بو مەن اوچون راحت حس قیلدار توسـ لدی. چونکی بر قانغور ظالملق مھیش زیدا ایدا بر زورەتور وەبر نفس صاف ھوا ئارزوسی بلەن اولوم خەوفی ئاستیدا 552 کونی باشلبن کوچور گەنلکمدین بو- ردك اوز قیریندا شینی شوندا بختسزلکـ لارگە اوچرتوشنی ئستیگوچی انسان صورت سیگاردین ساقلینش اوچون انسانلار

صحتیمدین جوانلار مصاحبتنی یاخشیراق
کورەر وە کشیگە بختسزلك بخش ایتوچی
قاینەلك اورونلاردین قاغلار قاراسیغا ئكلگەچ
رختی مای چادرلارنی اقضاراق دەپ ئونورایمی.

قطعه

نەسود اول قصر دین کیم
برج و باری شم بلەن تولمش
نەفایدا صحتیمدین کیم
خیانت برلە جفت اولمش
بونچلیغ شخصلار ئەرکمش
جفایت قانیلدین گویـا
انق هر صبح شام قاناق
شفقلدین رنگ توکەر بولمش

ماتوقلمە مچیشك بو سفریم بر مبارزە حیات
دین عبارت ئیدیکو، مەن بو سفریم بلەن
حیاتمنی حیاتمغا قارشی بولغانلاردین ساق·
لاپ قالور ئیدیم. بر ظالم زندانیدا محبوس
.بولغانلقم نەتیجەسیدە وجودمغا عارض بولـ
غان ئیرق کیسلیگە تاغ سیاحتیدین باشقا
داوا تیپش قیین ئیدی مەن محبوس ایکـەن
من بو ولغان اقتصادیمنی قایتا توزەر ئیدیم.

مانا شو مناسبت بلەن 34 نجی یلی 8 —
ئایدین باشلاپ لاداخ سفرینی قلشقا امکانیەت
توغولوپ ئش باشلەندی. 20 کون مدەتدە
28 ئاتلیق بر کاروانلی کیرەکلیک نرسەلری
بلەن طیارلیلدیم. 7 نجی ئاینک 24 نجی کو-
نی قارغیلیققا قاراب یوز توتدوق. مقصدیمز
تیز حرکت قلش ایکەن عکسچە 12 نجی
ئاینک 17 نجی کونی غیچەلیک قارغیلیقدا تو-
روشقا مجبور بولدوق

## خیانت

بولغان دنیادا بر وجدانسزلک فقط
خیانتدین باشقا یوزیدە اولکوودک بر وقعە
بولوپ اوتمیدی.

یورەک پارەسی کوشتدور
نوری ئانک هرزامان وجدان
ئالور دیل اوشبو نوردین
هرقیشکە جسمی فرمان
دیلی کیم اولمایوق وجدان
صداسی پارچە کوشتدور او
بوینکغی جسم درەکە
مبتلادور یوق اوڭا درمان

بو خیانت بر برادریمنىڭ ئجرت سرما
یه‌سی بولمیش مبلغ نىڭ بر قسمینی ایلیپ
قیچیپ کیتشیدین عبارەت بولدی، گرچه او
قاچقان واقتدا اونی قوغلاپ توتوش ممکن
بولسا دم لیکن «چهار درویش» دیگی خوا
جه سگپرستنىڭ حکایه‌سینی خاطرلاپ بو
فکردین کیچدیم وە او برادرنی بو قانىق
سفرده همراه بولور دەپ قلغان امیدیمنىڭ
هیچ‌بیر نتیجه بەرمگەنلیکیگە تاسفلەر قلیش
بلەن قالدیم ،

قطعه

وفاسزدین وفانی قلما امید
برلمەس میوه شیرین سگا بید

# مقدس ئارزو

شوندلق قلیپ 12 - ئاینىڭ 17 کونی کاشغر
هوایی کوچیدین یەلکوله‌نگەن محمد علی
حاجم بلەن کەچ ساعت 6 لەردە قارغالقدین
لاداخقا قاراپ یولغا چقدوق، یوروشیمز ونی
چه اوزوق داوام قلماسدین کون کیچقنلق

قارا رومالى بىلەن ئورگەندى، بىز ئى نو-
رى ئاسمىندا يوروشقا باشلىدوق. نىل رەڭ
كوكرەپ كەتكەن مصفا ئاسمانلا قولوب يەت-
مىگەن ئاي مغرورانە نور چاچار، ئاخشامنە
سالقن شامالى قوى تىرە سىيلىن بولغان قو-
لاقچەلرىمزنىڭ قىلمرىنى قىرلىپ اوتەرتىدى.
بارا—بارا قارغىلىقنىڭ درختلرى كو—زدىن
يوقولوپ كەلگەساي، سايلىدىن يىراقلاردا كافورى
قار بلەن قاپلانغان تاغ دوبەلرى ئاق چەرە بلەن
كورونوشكە باشلىدى. اوزونلىين بىرى بىقى-
لپ تورغان ئاطلرىمىز تووقلرىلىن ئو—وت
چقرىپ كەلگە سايىنى چارلاتىپ كېتىپ بارماقدا
كېچەنىڭ شو گوزەل منظرەسى ايچىدە برنچى
منزىلنى تاماملىدوق. چابكىلىست يىگىتلەرىمىز-
لكىلە مسافرلەرلىرى بولمىش ايككى سىنوق-
لوق چېدىرنى قوروپ ساى ايچىدە چرايلىق
بر ئوينى وجودقا كەلتوردى. كرىپ ئارام ئال-
دوق. بومېنىڭ عمروم ايچىدە برنچى قېتىم چا-
دىر ئاستىدا ئارام ئالىشىم ايدى. بو كەلگە
ساى ايچىدە قورولغان چ-ادر ايشكىگە چىقىپ

نظرىمنى جلب قىلىۋالغان منظرەلەرگە قاراپ
الهى قدرەتنىڭ عظمتى ئالدىدا ئوزۈمنى بر
زەررە ناچىز حس قىلور ايدىم. ئايىنىڭ كومۈ-
شدەك نورى بىلەن تولغان تاغ ئېتەكلىرىنىڭ چرايلىق
خالى كۆرۈنۈشى بىلەن قىمىدىكى الملكقا—
را نقطەلەر گويا زايل بولاۋاتقانلىك سېزىلار
ايدى. قوزغالدۇق. صبح بولدى. يانا عادەت
بويىچە كۆچۈش باشلاندى. بو كۈنـــى
بەش تۈركىلمە قونۇپ سەھرە كوكيارغا قاراپ
يوزلەندۇق. منزىلگە يېقىن قالغاندا محلـ
لى حاكم بىلەن ئاقساق ئايگىرلەپ كەلدىلە.
كېچە بازار ايكەنمىز بۇ يەردىلا ئاتلىرىمىز ھور—
كەب چىكىنە باشلىدى. قارىساق ئاتلارىمىز
يول بويىدا ياتقىنىش 25 ياشلىرىدىكى بىر غرىبە
چۇرىكان نىڭ بشمىز قىيافتىسىن ھوركەكە
ايكەن. مشقتلە ئاتلارىمىزنى توختوتۇپ اول
غريبگە ملايمانە روشدە اورنىسىن تۇ—
روشنى تكليف قىلدۇق. سكوت وعاجزانە بر
حركت بىلەن يول بويىدىن يىراقلاشدى. بو
غريبەلىكى كيمى شو قدر يرتوق، چوۋەسى
شو قدر سوزوق ئېڭىكى كېيمىنى ياماشقا

یگنه سانچیلغان جای، چرایلا قطره قان
یوق ئیدی.

غربت الی جانیغه تگکن
رونق یوزی کوزلریده یتکن
راحت یوزی کورمهگن جانلیدین
مسکینلك ئاتیغا نصیبه زامانلیدین
غم دوله خزان اونك بهاری
ئاشقان کوگلیدین ئاه و زاری

تربیهسزلك و بیکسلهنك نمایان در
قربانی بولمش ئو غریبهنك بو عاجزانه کو-
رونشی یورگده توغولوب کیلیواتقان هی-
جانلق تاهنیواتلارنك کوچ بوشیغا باعث
بولدی. چونکی بو مسکین گهوده ننك کو-
رونوشی بونچه کورونوش بولالمیدین
بلکی ئو برنهچچه ئایلیدن بویان اوچراپ
کیلیواتقان غریب، تربیهسز خار- زارلقلا
دربدر تلهنچیلك بیلهن مشغول بولوب یور-
گهن مسکین گهودهلارنده کوریلیدین بیری ئی-
دی. مانا شو تاثیرات اوروتیدیکی جم-حت-
لقنی بوزدی. سوز ملتمزنك خار-زارلقدا
قیلیپ کیتیب بارغانلقی، ئولارگه تربیه وغم-

توراوقنىڭ يوقلىقى، پەيغەمبەرىمىز محمد عليه
السلام نىڭ لسان فصاحت نشانلارىدىن
ساچىلمىش «كاد الفقر ان يكون كفرا»
(فقرلق كافرلققه يېقىن بولوشغا آزقالدى) دېگەن
حديث شريفىنىڭ مضمونى بويىنچە اقتصادى
قىيىنچىلىقلار بىلەن تورمۇش (كىشىنى دوم سالىدىغان
فقرلق) گە دوچار بولوب تورغانلىقى، الله
تەرەفىدىن مسكىنلەر، غرىبلەر، يېتىم ۋە
يېتىمەلەر اوچون دېب فرض قىلىنمىش زاكات،
عشرلەرنىڭ، بېرىلىشى فضيلت حسابلانمىش صد-
قەلەرنىڭ تولوق ادا قىلىنماسلىقى، ادا قىلىنغان
تقدىردە هم مسكىنلەرنى تىلەنچىلىكدىن قو-
تولدوروش يولى بىلەن ايمس، بەلكى تىلەن-
چىلىك عادتىنى رسمىلەشدوروش يولى
بىلەن بېرىلىشى (زاكات بېرىش واقتلارىدا بايلار
بوسوغاسىدا تىزىلىب اولتورغان كىشىلەر بو-
نىڭ نمونەسىدور. اگەردە عمومى عشر، زا-
كات، صدقە برجايغا توپلونوب مسكىنلارنى
توراوك صنعت بىلەن تامىن ايتكەندە بىر مە-
نفعت عمومىيەنىڭ وجودقا چىقىشى طبيعى) تىن

قمن برادر وه همشیرهلریمز فقیراقنلك مد-
هیش بوکی تامتیلدا قیلیب اوز حقوقی او-
یاقیدا توروسون حتی مقدس دینیمیز دائیرهسید-
لمین چقیب انقراض گردابیغا دومولاب کیتیب
بارغانلقی، بو حالتنك مدهش تومانلری بیلهن اورا-
لیب عصری تربیهدین محروم ایلیب قالغانلقی، علما-
لریمز وه بایلریمزده اوز قیرینداشلرینی اسـ-
تقبالدا کورولیواتقان انقراضنك بو قورقو-
نچلوك چوقورلریدین چقه بیلیش او-
چون بیر تشبث قلشی اویقیدا توروسون، بیلـ-
کی بو حالنی اولارنك حس قلماسلقی اوسـ-
تیده داوام قلدی، ایلی آخرده میلیون میلیون
مسلمان حیات کوچوروب تورغان بر جایدا
اوز قیرینداشلریغا یاردم قلمیغان اولارگه
یولداشچیلق قلیب یتیم یتیمه غریب غریبهلرنك
حالیدین خبر ایلیب اولارنی کشی ناموس
قلمیغان رذالت وه ناموسلوق حیاتدین قوتـ-
قوزودیغان، وطن بالیلرینی تربیهلهب عصری
بیلملر بیلهن قوراللاندیریدیغان علمی موئسسه-
لرگه اهمیت بیرمیدیغان بیر جمعیت [illegible]

نڭ قورولوشینی آرزو قىلیب سوزلر ایتکەن
مز، کوکیاردیکی ایتلرنڭ بیزگە قارشی
قاواشلری بلەن سوزومز کیسیلدی. مناسب
چای تعیینلاب بولغونچە آتلر توزان چقریب
یتیب کەلدی، چادیر قورولدی، چای ایچیل-
دی. هرکیم اوزیگە تیگیشلیک خلعتنی بیچ-
رشگە کرشدی، کوکیاردا 2 کون توروب
قالدوق. گرچە کوکیار کیچیک وە اونچە
آباد ایمەس بر کنت بولسەدە بوجایدا 10نچە
قوش کاریوان توپلانغانلقیدین بو 2 کونیمز
چادیردین چادیرغا بولغان مهمانلرچیلق بلەن
گوزەل بر تەرزدە اوتدی.

## قوسار قیمتی

21نجی دیکابردا کوکیاردین کوچوب قو-
سارغە کیلیب قوندوق. قوساردین چققان کیشی
لاداخگە بارمیغونچە آدەمنی کوروش غیر
ممکین بولغانلقیدین یعنی قوسار لاداخ با-
ریلیغان بز اوچون، کیشی وە کیشی یاشایدیغان
آبادانچیلق بلەن خوشلاشیلیغان ایکن آخ
م

قى نقطه بولغانلىغىن قيمەتلك ئيدى بو قە-
مەت فوسارنڭ قيمەتى ايمەس بەلكى وطن نڭ
قيمەتى ايدى. چونكى بز فوساردين ئايريلمش
بلەن وطنمزنڭ عزيز تفراقيدين ئايريلمه
مش اوچورمالار، ايگز داوانلار، قورقونچ—
لوق قيالار، هواسز قالەلار، سوسز دارالارغه
ئيگه بولغان پايانسز قارا قروم تاغيننڭ ايـ—
چيگه كيشنڭ شيويرغانلق سوغاقلارى ئا—
ريسيدا كريب كيتب بارار ايدوك.

وطن واوسى گوڭلگه وافادين نشان
الهام بر‌ر قاشايما دس هرگز وطننى
طاسى ايرر طاقتلك بولوش پيغام—ى
چيلاش كيرەك وطن اوچون گركه سەقتنى
ئونى اينور نيغنى صاف قيل هميشه
ياخشى اويلا! اويلاما! هرگز ياماننى

مانا شو مناسبت بلەن فوساردين ئايري-
لش بز ئوچ—ون اونچه كوڭللك بولمەيدى.
سحرنانى نورى ئاستيدا كوچونوب ئاق مسجد
منزليگه كيلب توشدوك. ئاق مسجد ديگەن
بو جايدا انى مسجد بولسون ونى ئادم. فقط بر

خرابه‌نینگ نشانه‌سی بولوب، سو مو یوق ایدی؛
اوزیمیز موز ایریتیب سیراب بولدوق. آط-
لاریمیز قار یه‌یب جان ساقلادی. قوساردین چه-
قان کاروانلارنینگ توختالیشی بیلان بو جای
کیچیکرک بیر محله شکلینی آلدی؛

## توفا داوان وه سکره‌تمه تاش

سحر بو جایدین کوتاره قاراب یوز توت-
دوق. 2 توته‌ی ماشنا-دین کیین بیردینلا
چاکرلارنینگ حرکتیده جدیلیک کورونه باش—
لیدی، سوروشتوروش نه‌تیجه‌سیده توفا دا-
وان وه سکره‌تمه تاش دیگن 2 یامان جایغا
یه‌قین کیلگنلیکیمز بیلیندی. من هم تیارلانیشیم
ه شکلدوق. ایگزگه قارای کیتیب بارمیز. آخ—
یدین 3000 میتر ایگزلیکده بولاتتی، بو داوانغا
قاراپ — قایتیپ چقیشقا باشلیدوق. آطلار
یلانلیشیپ سوزولوب خارخراپ چیقیب کیتیب با-
ردی. آخر بیرنچه اون جایدا دم ایلیب داوان-
نینگ چوققوسیغا چیقیپ قوبه سویولی بویلاب تو-
بنگه قاراپ یوز توتتوق. یولیمزنینگ قار بو-
لوشیغا قاریمای 2 طرفیمیز 2500- 3000 میتر

ايگزلكلمه تك-كه تاغ . بعضى بر واقتلارده
شولداغ جايلاردين اوتوشكه گويا 1000 پاق-
ەان گيلميديغان چوڭ تاشلار تاغلق اوستىده
ھىلى توشوب كيتىلمىگانلىك كورولوب تو-
رودو . سكرتمه تاشغا يقن كيلىب يەتلوك .
بر عرصات نمونەسى ئيدى . تاغلار كشفه واق-
تلى توگەلار باقراواتقان ، ايشەكلار يقيلىب
ياتقان ، يوك حيوانلارنى تارتلاب سكرتمه تاش-
غا يقيب بارديم . بر ذات يقيلىب اولوبدور : 2 ئور-
نى 200دە ميتر ايگزلكده بولغان تك-كه تاغ
توبىدىكى 5 ميتر كەڭلىكىدىكى سو يولىنى
يقلغان تاشلار توسوب قويغان تاغلارنىڭ
شو توساقدىن اوتوشى كيرەك . 20 ميتر جاي
شو قدر ياماتكى تاغ 3 ميتر مقدارى ايگز
تاشدين ايقر يوكى بلەن سكرب توشوب
شو تاغنىلا 3 نچى قدمده غرپكه قاراب يورو-
لوشى كيرەك . اگر تيزلكده يورولوب تاميسا
پستكه يقيلىب پارچا-پارچا بولوب كيتىدو .
بونىڭ اوستىگه 7—8 جاي-دا يقلغان قورالار
بولنى شولداغ تارلاشتورغانكى يوكنى تار-

قادین اتریپ بەرمیسە قاپلیشیپ قالیدو، اصا-
صل خوف کانتا، علاج یوق. ئاطنی سالدوق،
خەیریت تنچ ئامان اوتوپ کەتدی. بوچابدا ئو
کونی بر قاط، برنچە ایشەك اولدی. بری کوچە
اندیارلەر بولدی. شونداغ قلپ خالاستانزدا
کیلیپ توشتوك. خالاستان اوزیەنی تاغ ئچیدە
قالان برنچە کونلوك اکرو–توقای جویانی-
دین کیچن یار گەنە دەریاسیدا کیلیپ قویودیغان
برسونلی ناهی بولوپ، تاقلق برسو ئیدی،
2 کوندین بویان تشنەلكدە داوان ایشپ کیـ
لیوتقان ئاطلریمز بو سودین سیراب بولوش-
دی. خالاستانی بویلاپ راوان بولدوق. 4
کوندە کیچپ اوتوشكە ممکین بولغان خا–
لاستاندا 72 کیچیك بولوپ، هرکونی 18 قیتم
کیچشكە توغری کیلور ئیدی. تاشنی— تاشقا
ئوروپ ئاقیدغان ئاستی قورامليق بولغان بو
باهیت سودین هر کونی 18 مرتبە کیچیپ او-
توش کوپ قیین ئیدی. براق سوغاقنك با-
قوت قولی بلەن یاسالغان موز کوبروکلار
اوستومزدیكی خوفنی ایلپ قاشلیدی. بو

كۈنـــى كۈيلە دېگەن مەنزىلدە قونۇپ ئاك
ۋاقتىدا يولغا تۈشدۈك.

## هوككەن ئاط

بۇ كۈنى بىز نىڭ ئالدىمىزدا بىرگىنە قوش بولۇپ 2نچى قوش بىزنىڭ ئۈلدۈك قىشنىڭ شىددەت-لىك سوغىقى قۇلاق، بورۇنلارىمىزغا گويا بىر يىڭنە سانچىغاندەك ئوتەتتى. ئاتنىڭ ياللىرى قار ئوچقۇنلارى بىلەن ئاقارا باشلىغان ئىدى؛ باشقا كارىۋانلار ئىيغى چادىرلارىنى قاتلىمىغان ئىكەن بىز يۈرۈپ كەتتۈك. ھەممە ئىش جايىدا ئەمەن چۈكۈر باھى بابەن ھاۋانىڭ سـوغاقلىقى مىناسىبىتى بىلەن ئاتلار ئالدىدا قىيادە كېتىپ بارار ئىدىم، ئارقا طرفىمىزدىن غىير رەسمى بىر ئاۋاز ئاڭلىغا باشلىدى قاراساق، ھەيھات! ئاتلار چىقىشىپ يۈ-رۈي بىلەن قاملاشمىغان بىر مەسابەغە تۈشۈ-شۇپ چىقىشىپ چىقىپ كېلىۋاتىدۇ، ئارقادىكى يىگىتلار خېلى ئوزاقلا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ ھاي-ھاي دېدۈك، بۇرۇ فايدا قىلمىدى. بىز ئاتقا لايىق ئاقلىق بىلەن چىقىشىپ چىقىپ كەتتى 2

كىلومېتر مەقلارى قىلشقان بوغىرى رەسمى
مۇسابىقە نەتىجىسىدە 8 ئاتنىڭ يوكى سېلىنىپ
بولوپ 20 ئاتنىڭ يوكى يىقىلغان ئىدى. ئەھۋال
شۇ قەدەر پەرىشان ئىدىكى، يوكى بىر جايدا،
ئۇرۇقامى بىر جايدا، ئۆزى بىر جايدا؛ بىر ئات دەر-
ياغا يىقىلغان ئىكەن، يىگىتلەر چۇرقىشىپ ھەركەت
قىلىۋاتىدۇ. بىرنەچچە ئات يولنىڭ ئاستىدا قالغان-
دۇر. بىر ئات يولنىڭ ئوستىدە 4 لا پۇتى ئاس-
مانغا قاراپ. ھەيرەت قالارلىق بىر كۆرۈنۈش مەۋ-
جۇدىتى قالدۇردى. ئىككى دانە ياماپ ئاتنى
يەتىلەپ كېلىۋاتقان ئىكەنمەن، كۆرۈنمەي باللارغا
بوھۇرار ئىدىم. شۇ قەدەر ياماق ئىش بولدى.
بىر بىرنەچچە ئات ئۆلدى دەپ ئويلىغان ئىدۇق،
ئەمما ئاللاغا شۈكرى ئاتلارنىڭ ھەممىسى
سالامەت ئىدى.

ئاتلارنى ھەر كەتكەن كېيىن بولۇپ
سەھەردە دەرياغا سۇ ئىچىش ئۈچۈن چۈشكەن
كېيىكلەر ئاتلارنى كۆرۈپ قاتتىق قاچقان
ئىزلىرى قاش ئىلىك دومىلاپ چۈشۈشى ئارقىسى-
دا ئاتلار ھەر كۆپ كەتكەن ئىكەن.

سالامەتلىك بىلەن يۈكنى ئارتىپ يولغا را-
ۋان بولدۇق ۋە مەنزىلگە چۈشۈپ ئارام
ئالدۇق. ئەتىسى كۈنى بىزنىڭ قوشىمىز ئوت-
كەن كۈنى بولۇپ ئۆتكەن ۋەقە مۇناسىۋە-
تى بىلەن ھەممە قوشلار كېچە قوزغالدى،
بىر مەرتىبە ھۈركەن ئات ھەر دائىم ھۈركۈشنى
ئادەت قىلىپ قالغانلىقىدىن بىز ئېھتىيات بىلەن
كېتىپ بارماقتا ئىدۇق، يىراق يەرلەردىن يو-
گۈرۈپ چىققان 4 دانە كېيىك يەنە قاتارىمىز-
نى ھۈركۈتۈپ ئۆتتى. قاتار گۈلدۈر-
لاپ چېچىلىپ كەتتى. بۇ كۈنى بىر ئاتنى
ھەم توساپ قالالمىدۇق. چۈنكى بۇ جايلار
تولىمۇ كەڭلىك جاي بولغانلىقىدىن ئارتۇق ھەر-
كەت قىلىش كېچىدە خەتەرلىك ئىدى. شۇنىڭ
ئۈچۈن تاڭ يورۇسا جاھان دەپ يولنى قات-
لارغا قويۇپ يېتىپ قاراپ تۇردۇق. ئاتلار-
نىڭ بىر قىسمىنى يىغىپ، يولغا ئاتلىنىپ قالغىنى
يولغا ئاتلاندۇق. يولدا تۇختاشقانىمىزنى كېيىن يېتىپ
بارىپ يۈكلەرنى ئارتىپ مەنزىلگە كېلىپ چۈ-
شۈپ ئالدۇق. بىزنىڭ بۇ مەنزىلدە بىرگە

داوان دیگەن بر قورقونوچلوق ایگزلیکنلك
یانی ئیدی. بو داوان اوزی ایگز بولوش
بلەن بللە بولدا كورولیدیغان قیینچیلقنلك
كاتتاسی توتەك بالاسیدین عبارەت ئیدی.
لاداخ یولیدا توتەك، یەنگی داواندین باشلونب
یەنگی داواندین اوتكەنـدین كیین بعضی
جایلدا ئاز، بعضی جایلدا كوبرەك بولـوب،
قاراقروم، دفسەلك؛ چوچەش قزیل یارنی قار
دیگەن منزیللردە اینك زیادەلیشورایكـەن.
بو توتەك؛ یەرنلك ایگزلاپ كیتشی ئارقاسیـ
دا انسان نفسی ئالیدیغان هوا سویولـوب
اوفكە نلك یەسدی یورەكنلك هواغا بولغان
احتیاجینی قامداپالمیغانلقدین كیلب چقیدیغان
بر تورلوك نفس بوغولوشدین عبارەت بولوب،
كاربوانلار تەجربە بوتوتەك ایدی: بوتوتەك
نلك قاعدیری هر بو نفسی كە برخیل بولماسـ
لیدین بعضیلەرنلك بیشینی ئاغریتار، بعضینلك
یورەكینی ئیچرەتەر، گاهی برلەرنلك فوتیـ
شین قووەتی كەكوزەر ایكەن، حیوانلارگە
هم شول طریقەدە. یەنگی داواندین ئاشقان

كۆنيەزدە كاربۇۋان دېگەن كىشىلەرنىڭ قارى-
غىش كۆك، چەكۈرەڭ بولۇپ ئۆزگىرىپ
يۈزلىرى ئىششىپ، قاپاقلىرى ساڭگىلاپ پاش-
قا بىر تۈرلۈك قىياپەتكە كىرىپ قالغانلىقى
كۆرۈنەتتى. ئىلمىي بىزنىڭ قوشنىمىز كىملەردىن
ئېرىراق بىر كىشى بۇ كۈنى ئۆتە گۈللۈك يۈز-
گۆزلىرى، قول-پۇتلىرى ئىششىپ ئەھۋالى يا-
مانلاشقانلىقىدىن بۇ كىشىنى كېرەكلىپ ئۆيى-
گە يانىدۇرۇپ ئەتىپ يۈزبېشى دېگەن مەنزىل-
گە كېلىپ قونىمىز. داۋانلىدىن ئاشقۇنچە بىر
ئات يوق كەنى مەنزىلگە كېلىپ بولغۇچە قايتىپ
ئىپ كېتىش ئۈچۈن قوبشان ئېلىۋالدۇق. قوشۇمىزدا
بىر دانە ئات بار ئىدى. بۇ ئات بىزدىن خەۋەرسىز شۇ
يولدا يېيىلدى، ئىنقىلاب تۇرۇۋېلىش. مەنزىلگە كېلىپ
قارىساق ئات يوق. ھەيران بولدۇق؛ كېيىن
كېچىدە يوقلاپ بارغان كىشىلەر قارىسا بۇۋا-
پادار ئات تاغدىكى بۆرىلەر بىلەن قالىشىپ
بىرنەچچە جايلىرى جاراھەتلەنگەنلىكى ھالدا يولدا
يېتىمدا ياتقان ئىكەن، ئېلىپ كېلىشتى. ئاتنىڭ
كۆرسەتكەن بۇ ۋاپادارلىقى بىۋاپا ئىنسانلار-

گه بولغان حقارتلی قاراشنی کوچیتوردی.

کیشینیگ یاخشیسی ایرور
اخلاقی یاخشی بولسەدور یاخشی
کیشی کیم او بولالمس
یاخشی خولقنی قالدین ایل یاخشی

هر کیمنیگ سرشتەسی جفادین
قایچیلەر اونیگ قوروق وفادین
اونلاردین نیچه قالالا یاخشیلار ایت
اونلاغا نظرنی تاشلاما' کیت
موذیلیکلیدین چیقب قربان اولدی دیگەن
توشگونگه کیلیب تیشلەرك.

## زرافشان دەریاسی ایقمی بوییلاب

بوجای زرافشان دەریاسـینیگ تیز آقار سوی ایلیب کیلیب تاشلیغان قاقشال اوتون- لەر بیلەن مالامال ایدی. اوق نیچه کونـلەردین بویان یورگانلیك اوت یاقالمای (اوتون یوق- لوقیدین هر کیم اوی قاطیغه تارتیب تالغان اوتوننی قولدەمی ناوالاب قالار ایدی) کیلـ- گەن کاروانلەرنیگ عمومیسی بوجایغا تو-

شوپ کاتتا اوت یېقیشقا باشلیدی. آسمان
قلەمیتەمس بو داراقلاریچی بو کونی هوطرلدە
طیارلینیو اتقان قاماقلەر، یېقیلیو اتقان شەعلەر،
نقش تیکیو اتقان پیکیتلەر، کشنەو اتقان آط-
لەر، قیچقیرلەر، ھاشقیراتقان قوشقەكلەر، باقیرای-
واتقان تیۋەلەر، قاواۋاتقان ایطلەر قارقاسی-
دا بو بازار منظرەسینی ایسلەتەتكلی. بو کونی
کیچە اونچە یامان اوتمیدی. یاتسوق. صبح
یوریدی. بوتون عالم حیاتینك وەسیلەسی حیاتی
بولمیش قویاش تاغ قا-لە (چوقا) اوریلمین
باش چیقیش بلەن تەك نزلك قوشیوزەم یولە
غاراوان بولوپ ھمدی برسیوریلمین کیمین
تیخی شفق غایب بولمغان ایکەن کولك تاط
دیگەن ھوبی پوس-تەقە کیلیپ اوشلولك.
یوکلرنی تکشورولدی دیزاوینی کو-
رولدی. سحر قاطلیپ یانا تاغنلك بی پایان
قوینیغە کریپ قورقونوچلوق قیالەر، دمنیش
اوچورمالەرگە قدەم بیسیپ کیتدوك. کوكل-
سزمنظرەلەر، مظلوملەر قابیلدەك توشولك-
توشولك بولمش قاراتاشلەر ایکی طرفەزدە

ھەمەش توغلوروپ تورماقدا. آطلەر تویاق—
لەری قاتتق تاشلەرگە اورولوب بیرخیل قای—
غولوق تاووشلەر چقارماقدا. بوتاغ یوللری
آط اوچون بلە ایشرە. آط ایكی قدم جانی
اویلاماسدین اوتالمەیدو. موز اوستیدین
ماشقانلا تیلب كیتب بیلیدو. یكیتلەر سو-
غاق تویانی ایلب ایتەكلریدە موز اوستیگە
سوغیب یول قالیدو. شونداغ قلب بو كونی
چرایلق جلە دیگەن برئاز اوت بارجایدە—
كیلب توشدوك. ایرتەكی یولیمزنی تماملی-
ساق زرافشان دەریاسی ننك چالا—موزلیغان
سوكچوكلەریدین خلاص بولور ایدوك. صبح
بلەن راوان بولدوق. حقیقتەن بو كونكی
یول یامان. چونكی دەریانك سوئی موزلاب
قاشقون باشلیغب بولتون دارالی موز ئاری—
لاش سوقاپلاپ ئالغانلقدین یولنك قانداغ—
لقینی بلش مەمكن ایمەس ایدی. چالاموز
اوستیدین ئاط سیلغانلا اویلانیغان جای—
دین چوكقور اونكورلەرنك اوچراب قیلی-
شی احتمالدین یراق ئەمەس ایدی. شونداغ

احتماللەر بار. ئەمما باشقا يول بولمىغانلىق-
لىن ئوتمەي علاج يوق. ناچار ئاتنى سال-
دوق. ئاتلەر كوپ قىيىنچىلىقلا يوك-لەرنى
سوغاچىلاپ بوچايلىپ ئوتلدى. لېكن ئات-
لەرنىڭ سلامت ئوتوشى ئوچون بوتون چا-
كرلەر حتى ئوزوم هم برابەر سوغا كىرىش-
كە توغرى كەلدى. كوزلەر و. كرديم. بو-
يەرىم ساعت مقدارى قشنىڭ شدتلىك ساووق
سوينى يەرىم ميتردىن بردەيتر مقدارى كې-
چىپ يوروب ئاتلەرنى تنچ — امان قوروقدا
ايلىپ چىقدوق و شوچايغا .توشوپ مالغوش
(برنوچ ياوا درخت) لەرنى توغلاپ كاتتا
ئوت ياقدوق، چاپىنلەرنى قوروپ هول كييم
لەرنى سيلىپ ئوتلا قوروتوب شوكونى بو
جايدا قونىدوق. بو بركون ايچيدە ئاران 2
كيلوميتر يول باسالىدوق. بوكونى ئارتوقچە
قيناليمن مشقت چكدىم. ئەمما هميشە هدان ئوز
جايىدا بولوب، وجدانم توبندىكى بيتنى بلمدىن
مترنم ايدى:

اى يكيت ئەمگەك سنگا
گنجينەء پنهان لودور

ئى خوشا ئول كىم يۈزى

ئۆز كېمىسىن خەندان ئېرۇر

نەچچە پالەن يولۇك بودۇپ

گۈزەللىك ھالايا تېگىن

مەنمۇ ھەر بىر ئاتىم دېيىن

بۇ بېشى ئاساق ئېرۇر.

ئالدىمىزدا يانا بىر كېچىك بار. ئەگەر شۇنى ئوتۇپ ئالساق قاغەش سۇ يولى تمام بولۇپ قۇرۇق يولغا چىقىپ كېتىمىز، ئەمما ئوتۇش خېلى كەپ: چۈنكى چوڭقۇر تېز ئاقار دەريا بول جايىدە كەلگەندە، ئىككى تەرەپى موزلاپ 5—6 مېتىر كەڭلىكتە باھەيبەت بىر ئېقىم ھاسىل قىلغان. شۇنى ئالدى؟ خېلى قورقۇنچلۇق بولسىمۇ ئېقىمى كېتىدۇ. سۇ ھەم سالقىنلىقى بولمايدۇ، باشقا جايدىن يول يوقمۇ 2 3 سائەت دەريا بويلاپ تەكشۈردۇق. 2 مېتىر كەڭلىكتە بولغان بىر بوغازدىن باشقا بىر جاي تاپالمىدۇق. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئاخىر ئويلاپ ئارغامچى كۆۋرۈك قىلىشنى لايىھە قىلدۇق. قوشاردىن كۆتۈرۈپ ئالغان بىرنەچچە تال كاتەك ئوتۇنلىرىمىز بار ئىدى.

ئارغامچى بىلەن اونى باغلاب بىر تاختە كوب—
روك حالىدە كەلتورۇب ھېلىقى بوغازغە تاشى
بىلەن بىر كىتەلوك. اوسەيگە كىيگىز لەرنى يا-
يىپ ئاطلەرنى تەج - ئامان اوتكوزوب خافو-
لوقغە كىلىپ قونوب ايرتەسى مايلك شاھىدا
اوروق ئالدوق: مەابو مەنزىلدە لاداغ يـولى
تەلىك بولور ئىدى.

## مدهش منزيل‌لەر

گەرچە بوجايدا يول تەلىك لىشەدەم ايـت-
كەن يولنىڭ ئەلىك دەهشـەتلىك نقطە لەرى بو
جايدىن باشلىنور ايدى، چونكى مايكشاھ-
دىن چولك تاشقە بارغونچە بولغان 5 كور—
لوك منزيل ايكز قيالرى، مدهش اوچورما—
لرى، 15—20 ميتر قيلينلىقىدىكى قار اويوملەرى
دىن تاشقەرى هواسزلىق بالاسىغە ايگە ئىد-
لىيكى بوهواسزلىق بزيوقوريدا يىزىب اوت-
كەن تولك بالاسىدىن عبارەتدور.

يول شوقەدەر دهشتلىك. ئەمما بزنى تعجبلەندى-
كوچلوق، فكرىمىز بوقدىن چولەلەرنى دىگك

چقیش؛ حقیقتده انسان وه انساننڭ قصلی ایلك
كوچلوق نرسه دور كی اگر مقصد صبر وه
متانت بلەن برلشسه اونوڭ ئالدیدا یەڭلـ-
مەس نرسـە ئازدور.

برنجی ئاینڭ 2 نجی كونی قویاش نوری
تاغ دارانی كومگەن كومۇش كبی ئاق قارغا
اوروپ عـالەمگە برتورلوك گوزەل منظره
ساچار ایكەن، مایك شاهلین چقیپ كتدوك.

بو كونی هوا تولوم صاف، شمال هم
قش اورتاسـی ایكەنلیكیگە قاراماي یوم-
شاق ایسەر ایدی؛ قارا قورومنڭ بوتون قله
وه دارامینی كومگەن كافوری قارنڭ تو-
ثیری بلەن بولسا كیرەك، زیلی كوك ئاسم-
ماننڭ افق لریدە كورولیدیغان ماوی
ئاقاق كونلیكیلەین كوبرەك وه ئاقراق ای-
دی. كتدوك، ئاطاریمز 16 كون قیین بولغای
كتیدیپ كلگەنلیكیگە قاراماي یانا شوخ وه
كوچلوك ایدی. نیزەتاش ئاقالمش تاشدین او-
توب یدریم كون مقداری بر تەكیزلیكنی تاملاب
یوراقمین 2 دانه كچلك بایراق نڭ غریبانـه

لەقالدەب تورغانلىقىنى كوردوك. بو ايككى
بايراق نياز پهلوان وە رحمت پهلوان دېگەن
ايككى نفر مجت قهرمانلەرىنىڭ قبرى اوستى
گە قادالغان بولوپ، بولەر ئۆتكەن پلاق
ماچقان كاربوالەرنىڭ لاتەسىدىن قايتش
واقتلەرىدا قارا قوروملدىن اوتكونچە هواسى
لق بلاسى (قوتلك)غە اوچراپ اولى يەرلىمە
ھلاك بولغان ايكەن. ھەمەز ئەلەشو دەشەلا
لك جايلەرغە كرىپ كېتب بارغانلقىمز اوچون
بو ايككى بايراقدىن ئالوبرمىز قالالمىدوق؛
بو مەنزىللەردىن خوف ليتب كيايواتقان دىل
لەردە برتورلوك رقت حاصل بولدى. ھاتپلە
وە دوستلەر كوتكل ئاينەسىدە كورولوب
تزيلب تۈتۈشكە باشلىدى؛ كوزلەر ياش بلەن
تولدى. قبلەرو اولتوروب بولەرنىڭ روحىغا
فاتحە اوقور ئىككەنمز ئاسمانغا ئاقاشقان
تاغلەردە گويا قرائتكە سامع بولغاندەك
جم جتاق ھكوم سورەر ايدى. اوز يورت
اقربالەرىدىن يراق تۈشوب اويغور ايل
نخشسيدە قالماسلقىنى توصيە قلغان؛

مەن اولورمەن مەن اولورمەن

يولدا قويما ئۆلگىلا مېنى

يولدا قويسا ئۆلگىلا قويا ئۆلگىلا

چۆلدە قويما ئۆلگىلا مېنى

دېگەن مۇڭلوق ئاۋازى سىدا قارشى چۆلدە قالغان ايككى نفر ايشچىلارنىڭ روحى گويا باتراك اطرافيدا جور كولوب اوزلەرىنىڭ چۆل بيابان ئىچيدە غريب بولوب قالغانلىقيدىن بزلەرگە شكايت قىلغانلىق سزيلار ايدى. حاديق كيين هەممزدە بر توزلوك مايوسلوق بولغىنى حالدا يانا ئالغا قاراب راوان بولوب باقسيم بولاق دېگەن بىر ئاز اوت وە سوبار جايغە كيليب توشوب ئارام ئالدوق.

سفر گرچه قاتتق وە قيين ايدى، ليكن زلزلان بالاسيغە دوچار بولوب 2 يىرىم ئەر كە ئۆلگەنلىكى اويلەغانلات قويروقى يولوب 3 قاشيمغا قىسقە سې لغان قوشمەك 352 كوڭ ياتقانلىقم اوچونمودور مەن اوچون بر توزلوك حضور وە خوشلوقلىدين عبارەت ايدى. تاغنىڭ ايگز — پست يوللەرى، كەلكى دارلەرى، ايگز قىلەلەرى، اواز — سيدين

کورولگه‌ن گوزه‌ل منظره‌لری کوڭلومده
سیوونج و راحت بیرور ایدی. کچقورونلری
چادیر قورولور ایکه‌ن قوشلیین اوزولوب
یالغوزغینه تاغ ناوالریغه کیریب بیره‌ر
چوکراق تاشنلق یاکی مروارید صفت صاف
سونلق یه یلدا اولتوروب گاهی الهی قدرتلنی
عظمتلیه تفکر، گاهی جریانی حیات مسئله‌لری-
له تبحر قلب قیغور چاغلدا اوز-اوزوم بیله‌ن
ترنم قلار ایکه‌ن مه‌ن، تاغ کولك دارالـری‌نلق
ناوازیمغه قوشولوب جاراقلاشلری دیلم غه
عزلت وانقطاعنلق نه‌قه‌ده‌ر خوش نعمت ایکه‌نی،
وجدانسیز انسانلر صحبتی‌نلك بر زهرهلاهل
ایکه‌نی معنوی بر تل بیله‌ن کوییغانـدك
سوزیلار ایدی.

قطعه

وفاسزلق خیانت برله چون
تولغان ایکه‌ن دوران
قویونلدك تاغ و دشتلرنی
کیزشکه ناروزو نه‌یله
ایمه‌سمو بك یقملق
بو ناچون ایچره وافاکویی

وافا بوله گوڭل اوين
بزشكه ئاروزو ئەيله

3-يانوار گۈن تۇغوشلين بۇرۇن ئاتلەرگە يوك قويوب شفق غايب بولغانلين كيين قاراقۇروم داوانىنك ئاشلانغوچ منزلى بارانگسوغە كيلب توشدوك. چادرلار چيوانلەرنىك سوگەك تودەلەري ئاراسدا تكلدي. 4 قوش كاريوان بوجايدا توفلانغانلقدين اوز حاليغا ياريشا برجمعيت حاصل بولدي. توتەك بالا-سي بلەن بر ئيتيمز بوجايدا ئۆلدين چقدي؛ قالدي. سحر قوزغولوب داوانغا قاراب يوز توتدوق! بو كونى هەمەننك حركتي ئاهستە. اوستون اورلەب كيتب بارمز. نفس سقاتلاقدا ئازغينە بولسون حركتدين ساقلانيش كرەك. چونكي حركت قلغان همان بورەكنك هواغا بولغان احتياجي ئارتب كشينك ياتيشي مقرر. خيريت ئاطلەريمز بردم بولغانلقدين قوش ديكي يگيتلەرگە ئارتوقچە حركت قلشقا احتياج يوق. ئاج كيتب بارامز. ئەمما شون-

داغ بولسا هەم يگيتلەرنىڭ رەڭگى قارايىپ،
كوز قاپاقلەرى كوكورۇپ، يوزلەرى ئىشىپ
سانگالاپ كەتكەن ئىدى. قايسى بىرىنىڭ
حالى ياماناشسا ئاتقا مىندۇرۇپ ئالار ئىدۇك.
شۇنداغ قىلىپ ساعت 2دە ئارغامچى تارتار
دىگەن يامان جايغا يىتىپ كەلدۇك. بو جاي
قارا قورومنىڭ ئىڭ ئوستون چوققىسى بولوپ،
چوڭگو دولتى بىلەن ئەنگلىيە چىگىرىسى
ئايرىپ تورۇشقا ياسالغان بىر تاش مونار
بار ئىكەن: موناردىن ئوتكەندىن كىيىن هىلىقى
ئارغامچى تارتار باشلانار ئىكەن. قاراقوروم
نىڭ ئىگىز يىگىلىق يومولاق بولغان بوزىرى
قىلەسىنى ئوراپ ئايلانىپ ئوتۇش ئارقاسىدا
توبەن طرەفى بلنچو كورۇنۇر، ئوست طرەفى بىلەن
ئوستۇن هم تىككە بولغانلىقىدىن ئاراھ
ئارغامچى تارتارلىك بولۇچقۇرشى مەكن بولغان؛
شۇنىڭ ئوچون مانا بو جاينى ئارغامچى تارتار
دەپ ئاتاغان. بو كونى ئالدىمىزدە بىر نىچە قوش
كەتكەن ئىدى. ئولەردىن بىر نىچە ئون ئات بولغانلىق
ئارغامچى تارتارنىڭ توبەن طرەفىگە يومولاپ

توشوپ كەتكەنلىكى كورونمەكتە. بو كاتتا خوف.
چونكى بو جايدا ئاتيقيلاشى بىلەن ئادەم ھەركەت
قىلىش كېرەك. ھەركەت قىلمىسادا توڭەك بالاسىغە
دوچار بولوشى مۇمكىن. توكل قىلىپ ئاتنى
يېتىلىدوق. شۈكۈر ئاتلىرىمىز سالامەت ئوتتى
ۋە كىچىك جوجوش جىلغىسىغە كېلىپ چۈش-
تۇق. بو چۈشكۈن ھەم ئادەم ۋە ھايۋانلار ئولوكى
بىلەن تولغان ئىدى: ئىرقەسى دەسەلك (تاغنىڭ
ئۆلۈك ئېگىز جايىنى ئادەتتە دەسەلك ئاتار) كە
قاراپ ماڭدوق. بو جاي تولىمو ئېگىز بولوپ
بىرنەچچە كۈنلەردىن بېرى ئوتوپ كەلگەن
ئاسمان پەلەك تاغلارنىڭ ھەممىسى كىچىك-رەك
دۆڭچەدەك كورونمەكتە. تەخمىنەن 40 چاقىرىمدىن
مەسافە دائىرەسى ئالىپ تورغان شىۋېرغانلىق بوران
كوچى توشوپ كەلگەن قار پارچەلەرى
بىلەن مۇساۋى بىر ھالەتكە كەلگەن بىر تۈزلەڭلىكنى
تەشكىل قىلار ئىدى. كۆپلىگەن كارۋانلارنىڭ
ئوتوشىدە بو جايدا چىدىرلارى بىلەن قار
ئاستىدا قالىپ كەتكەنلىكى؛ بىر قانچە لارنىڭ
بىرنەچچە ئات ھەم ۋە مەنزىل ئاراپ قالاپ

بىرەر قىيالەچى قايتىپ كېلەلمەي ھالاك بولغان-
لىقىنى ئىشىتىپ كېلىۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈن ھەممىمىزنىڭ
يۈرەگىمىزدە بىر قورقۇنچ بار. ئىران ئەفسانەلىرىدە
ئېيتىلىشىچە قەھرىمان رۇستەم ۋە ئىسفەندىيارنىڭ
ئارتىپ ئۆتۈشىدىغان دەھشەتلىك يولى كۆز ئالدىمىزغا
كېلىۋاتقان يىگىتلەرنىڭ يۈرەكلىرىدە. كۈچلۈك
قارا بۇلۇتلارنى قورقۇنچ باسقان قاتلاملار ئىچىدە،
بىز بۇ چاغلاردا يەنە ئاقلاپ راۋان بولدۇق.
بىلىمىزكى بۇ كۈنى ھاۋا ئىللىق بولدى. داۋان-
نىڭ يول ئۈستى تۇرغان قار ئىچىدە بىر تۈرلۈك
سۈكۈنات جارى ئىدى. قالغانلىقى كارۋانلار
ئىلگىرىدىن تۇرۇپ ئېھتىيات قىلىپ، ئېھتىمال بىزگە ئىگە
قىلىپ يېتىپ بولسۇن چۈنكى قاتتىق قار ياغقاندىن
كېيىن بۇ چاغ شۇ قەدەر ئېگىز ئېدىكى،
قارا تاغنىڭ قاپقارا پەشلەپ كەتكەنلىكى كۆرۈ-
نەر ئىدى. بىز قارغا ئىگى ۋە قىيىنلىقىغا كۆزىمىز
قارا قالغان ۋە قىيىن جىنى قالغان خىيالى
ئۆستەڭدە يۈرۈپ ئۆتكەن كۈن بۇ چاغدا كۆزىمىزگە
ئۇزاقتىن چىقىپ تۇرۇشىدا قار ئاقىپ جەنۇب-
تىن ئىلگىرى قارغا ئۆستەڭدە ھەرىكەت قىلىپ ئاقىۋاتقانلىق
كۆرۈنەر ئىدى؛

احتیاط بلەن یولیمزدا داوام قلیپ کون اول-
تورور چاغدا قزیل یارنی قار توشکوننیگە
کیاپ توشلمولە. گرچە مەن بو جایغە کەلگونگە-
چە قاتا اوسموکیندە اولتوروپ هوا سزلق دەردینی
قازاق کورگەن بولسامەو، لیکن چوچەش،
قزیل یارنی قار مەزیلەریمە بوتون کیچەنی
اویقوسزلق بلەن نفس قستالش ایچیدە
اوردە اولتوروپ تالق ئاتقوزدوم. بو نلنگ سەبەبی
ژولتانی ایچیدە مەجزلاپ کسلگەنلگەن ایچکی
اعضالەرلنگ هواسزلقغا طاقت قلالمىغانلقى-
دین ئیدی. شوننگ ئوچوغ قلیپ قزیل یارنی قاودین
هم کوچلولە. تاغلیمزدا موغنلنگ قری دیگەن
قوشلار ئازولە برقیایار. مانا شونی قماللوساق
بر ملمش بولسنە زور قیچیلەری بوتونی
الستانە برابر کیلەلەیدوغان ماقەتلی
جایلەری بو کەیلسو.
بونلنگ یاماقلقنی اعتبارغا ایلیپ بوگونی
گاردیو الیمز موناش نوری تاغ قلماسیدیگە
ئەکەلی نورالشان بولاشنی کیچیکن کوچلری!
یەنە موغنلقری. تاغلیمزدیکی گاردیو الەرلنگ

قاتلارى گويا قيا اور لاتلماقان بر تال ئيباغاچ
اوستىدە كيتىپ بارغان قوشقازدەك كورونىبولاتتى
لىنو. بز ھم گاھى ايگز ياقىپىرويىن زولغىگە
(قاغلېچكى سو يولگە يورىيالتگەن قات) 1000
1500 ميتر توۋەنلەپ توشىمسز، گاھى زولغى
ايچىدىن 2000-3000 ميتر ادلام ميتر گە ئۆرلەگەن
بولغان ياق بېغر قيا يولى بورلاپ ئورلەپ تەكشىرىگە
چىقامز. قاتلارنىڭ گاھىلارى قورقونوچلوق
ھاۋا يەغە كوتىرىلگەن قورقۇنچلىدن كىلىنى
ايچرىلدو. زولغىنىڭ ئىچىدە يېتلماقان ئاق پارچە
لوپىلىدىن دەھشتلىك بر منظرە ھاصل بولماق،
كىشى قاراشقا قورقولدو. ھر بر تازولغ ھايلەر
دېڭىز تاش قارلارىنا قاراغاندا، قاپ، تورە،
ايشەك لەرنىڭ قارچەسغا بولساق كەتلنى
سونگەلارى كورونودو، بو يامان قيا يولدا
6 ساعت مقدارى يول يوروپ مورغنىڭ قورىنى
تامامللاپ چوڭ تاش دۆڭگە منزيلگە كېلىپ يەتتوق.
بو جايدا تاغ تاسىدىن چېكىدىن بر چوڭ
اسسيق بولاق شاريلداپ ايقىپ تورماقتا. بولاق
سويى بو صحيدە 40-50 ميتر تاقازىدىن كىيىن

قارام — قارام بولوب بولك ایچیگه ایچیب توشه‌ر
ایکه‌ن. سوغاقلیك شه‌له‌له‌ری بیر-بیر مونزلاب
بولك قیرغاقلاری‌ده 1000 مه‌تردین 1500 مه‌تر
مه‌قداری اوزونلوقدا بولغان زمردگون بلوری
(یه‌شیل شیشه) سه‌تونله‌ر حاصل بولغان.
قویاش نورینینك بو ناهموار سه‌تونله‌رگه اورو-
لوشیدین توغولغان چیرایلیق بیر منظره حاصل
بولغان ایدی. باقیشیم بولاقیدین بو جایغه کیله‌گه‌ن-
چه‌لیك قار بیله‌ن جان ساقلاب کیلیوالغان ناط
و جانداله‌ر بو سویدین ایچیب سیراب بولدوق.

قیشلاپ هه‌مه‌شه یایلالار
کوزیب قاشقاق داوان
کاروانلارگه شوخ
شه‌ریفی اوور قارلاران

وقت ابرانه بولاچقا ساطان توشکون
دیگه‌ن منزیلگه قاراپ یوردوك.

## لنتانك مقبره‌سی

بو یولنی برنچه مرتبه یورگه‌ن کاروان-
لارنینك قاغزیلیدین چوك قاتیق قطر — رافیده

دالان تاغىدە دېگەن بىر خىل زەھەرلىك اوت بار.
اونى ئاتلار يەپ قالسا چوقوم ھالاك بولىدو
دېگەن سوزنى بىر نېچە قېتىم اشىتكەن ئىدىم
قوش ھەيدىگوچى يىگىتلەر ايچىدە ھەم بونى بىلىد-
غانلارى بار بولغانلىقىدىن ھەممىمىز دىققەت قىلىپ
ئاتلارنى تېز ھەيدەپ يولغا راۋان بولدوق.
بو جايدا اوتونلوق بەلگوسى ھەم يوق. تەخمىنا 20
0 قەدەملا تاشلىنىپ بولغان قبرلەر تورار ايدى.
بىز بو جايغا كەلگوچىلىكتەر ارەزلىكتە دې-
گەندەك مسافرلەر قبرى بولمىش دوبە تاشلىرىنى
اوچراتتوق اولەرنىڭ روھىغا قول كوتوروپ
دوعا قىلىپ كەلىۋاتقانلىقىمىز اوچون بو كوبلىگەن
قبر تاشلىرىنىڭ بولمىش توپلانغان تاشى ايگز
اىكىلىرى قولومنى دوعاغا كوتوروشكە ايلتىپ-
دى. قول كوتوروپ بو بيابان ايچىدە ئولوپ مو
كەن كىشى ھالاك بولغان ايكەن دېپ ايچ قىنام
ھالىدا اروراھىغا دوعا قىلار ايكەن مەن چاكار
باشىم زىلك بى ايختيار كوتوروپ كەلگەنلىكىمنى
ئاڭلاپ دعانى تېز قىلالمايىم وە غضب ئارا-
لاش ھوزورودوم.

سەن اولەدەسەن؟

اولەمەن؛

اولسەڭ موشوندەغ بر جایدا اولـسوڭ
اروەلىق غە؛ یەڭ بولغەنی ھەمدا قولشنی اویلەدە-
سەڭ؟

اویلەیمەن.

شوقـدەغ وەقتدا یولاوچیلەرنىڭ فاجعە
اوقوشینی خالادەسەڭ؟

خالایمەن،

خەیەلیڭ دیمیمزیدە ازچون مەن بو قبر-
لەر ایكەلەریگە دەئا قسام كولوسەن؟

او یانا ھەم قاتتغراق كولوب یبەردی و
سوز باشلەدی: بو تە. ایەس دیدی چاكر-
باشی. بو بزلەر احتیاط قلب كەلگەن لغانىڭ
دیگەن اولدور. بو یولدین اوتكەن ھر بـر
كاربوان شو اوتنی كورگەندە ذاتلق یەب
قیلیشدین قورقوب اونی تاش بلەن باستو-
روب كەتكەن. یللەر داوامیدا بو اوت اوز-
گەن جای مانا شوندەغ بر قبر اوسیدی ایاب
بو جای بر مقبرەنىڭ حالیغە كەلگەن دیدی.

و سوزنی ئاشلاب اوزوم هم بر حیرت
ایچیده قالدیم. بر بالا بو اوتلیدن بر ئاز
قالدی. بو اوت بزنلگ یورتلریده اوسیدیغان
سیحز اوتغه اوخشوغان یفراقی تاماکو یاف-
راقیدهک خیلی چرایلق بر اوت ایکهن.
یامان ئهدهملر مثالی بولمیش بر اوتغه
نفرهتلیب قاراغیدهز حالدا کهتدوک. یول
داوامیدا بر قاغماق ئاط بزنی بیخبر تاقب شو
اوتلیدن بر ایککی تشلهب قالدی. های هیهب
قوسوب ایلب کهتدوک. بو کونی کیچهسی
بو بیچاره ئاط دونیادین کوز یومدی.

مهن بو ئهحوالهرنی کوروب تعجب
قلار ایدیم، چونکی 20نچه کونلوک سهیاهتده
ئاط یهردین ایلب یکوردهک خس یوق ایکهن،
بو جایغا کهلیب اونگهن اوت زهرهلهلی دین
عبارهت ایدی.

12نچی یانوار ئالتی واقتی یاته من یولغه
قوبوب کوتهکلیک مدریاگه کهلیب توشدوک،
بو جای اوتلوق دارا بولغانلقیدین ئاطلهرنی
2 کون مقداری بو جایدا اوتلاتیشقا کیچهش

قىلدۇق. چۈنكى ئاتلار ئاق مەسجىد دىن چاپ
بىر جەبھا كەلگۈنچىلىك 20 كۈنلۈك يول—دا
ھەر كۈنى 2 ئاۋۇچ سامان، 6 جىڭلىن قوـوناق
يەپ چاپ سالاپ كەلگەنلىكىن ئىچى قات
بولۇپ قورساقى دومبىسىگە چاپلىشىپ
كەلگەن ئىدى؛ كېچىكىش بويىچە ئاتلارنى
بىر چاپسا قويۇپ كاريزۋان باشقالارى ئىلگىرى-
لەپ لاداخقا كىرىپ كېچىشكە تەرخان قىلشدۇق.

## شارق ئىقىمى بويلاپ

ئــەيشەــلەرــچە بــو جــايــدىن
لاداخنىڭ باشلانغۇچ قىشلىقى شارقغا 2 كۈنلۈك
يول ئىدى. 28 كۈنىدىن بويان ئادەم يوزى
(كاريزۋانلاردىن باشقا) كۆرمىگەنلىكىمىزدىن
ھەم كاريزۋان يورۇشى تولىمۇ ئاستا بولۇپ
قالغانلىقىمىزدىن ئاتلارنى بوچاپسا قو-
يۇپ مەھمان ھاي ھەم يالغۇز بىر كاريزۋان 8 كىشى
بولۇپ شارق ئىچى بىلەن راۋان بولدۇق.
بۇ كۈنى ئاتلارىمىزنى ئېزىپ سورۇپ شام بىلەن
8 كىشى بىر قاش ئۆزىگە توشلۇق يېرىمىز يو-

توݣ، بىرىمىز سوغا ماڭدۇق. بىرى ئاط قالىشىدا
قالدى چۈنكى قايتىش ايچىپ كەتتى اوت يىيىپ ياتدۇق.
سەحەر يانا كەتدۇك. شـارق نىڭ سويـى
تولۇمۇ سوزۇك بولغاچقا دەريانىڭ ئاستىدىكى
مەيدە تاشلەر بىكمۇ چىرايلىق كورۇنەر ايدى،
قوشلىرى ئايرىلغانەزنىڭ 2نجى كونـى قاتتىق
ماڭدۇق. گويا رەسمى يولمىن 3كونلـوك
يول بىسىلدى. ئەمما شاۋىرغە يىتەلمەى ناچار
بىر چولگە قاهنىڭ تۇبىگە تـوختوب ياتدۇق،
بو كىچە شوندىغ قاتتىق بوران چىقىپكى، اگر
شوقاش تۇبىلىكى چوقورلوق بـولموسا
بىزنى اوچوروب كىتەر ئىدىكەن. چايمو قاينىتالما
مىدۇق. تاڭ يورۇش بىلەن ئاتلانىپ ماڭـ
دوق. چادىردىن يىرىك قامـاقلىرى ئايرىلىپ بىر
قونوب يىتىمىز دىب قوشلىرى قاچـراب چىقىپ
يىتەلمىگەنلىگىمىز اوچون هەر اوچىمىز بـرابر
دقىقت: كوزومىز قالميزدا!! هەر بىر قاش بىزگە
ئادەم بولوب كورونەر ايدى بەضىلە بىر-بىرى-
مىزنى دە ئاينىكەلدىك. ئاينا شارق دەب ئالداپمو
قويادۇق.

ساعت 4لەر چاماسى ايدى. بر توقايدين
چقىپ لام يېراقـدين بر نچە تال درخت، بر نچە
اوى كوزومزگە كورونلدى. حوصلە يېتكىلاز-
لدى. اويگە قاراب ماڭدوق. مانا بـو جاى
لاداخدين ياڭغوز قاتاق ننك ميكىشيدا 8كون-
لوك مسافەدە بولغان شارق ديگەن كچيك بر قش-
لاق ايدى....

## لاداخ خلقيننك تورموشيدين بعضى بر كورگەنلرم

مينىڭ بولوشىمدا يازيلغان نەرسەمنىڭ
قاسيدين تەكشوروش نەتيجەسى بولغان وە
لاداخ خلقيننك هم تورموش احـواليني اوز
ئيچيگە آلالايدىغان بر تولوق كوافيە نە-
مەس، بەلكى بو لاداخدا تورغان واقـتىمدا
كوزگە كورونگەنلەردين ايلىپ يـزيلغان
جزئى بر معلوماتلدور. آز بولسا هم معلوم
بولسون ديگەن مقصد بلەن بونى يېزىپ چىق-
ماقلقدامن. بزنىڭ توروغدا شارقنىڭ قاراسى كو-

روزىگەن چايدا قاپقنى تورغازغان ئېيدۇك. دې-
مەك شارقىدە كىردۇك. بزنى كۆرۈش بىلەن
ھەربىر ئويلىرىن خواجە كەلدى، خواجە كەلدى
دەپ يەرلىك خلق وە بالالرى يىغلا بولۇشدى؛
بۇ ۋاقتىدە مەن كۆرگەن قاپاقلەر، بالالر
بردىن قوي وە ئىچكى تېرىسى بىلەن ئورالغان،
قارالانغان يۈزلىرىدە كۆزلىرى يولغۇزدەك
قارقراپ كۆرۈنەر ئېدى. ئولارنىڭ يۈزلىرى-
كى بۇ قارالق يالغوز كىچىك بالالردە بول-
ماي چوڭلىرىدە ھەم شۇنداغلا. بۇنۇڭ سە-
بەبى ئولار ئويلىرىگە مورا قىلماسلىقىن ئوتنى
ئوي ئورتاسىدا قالار ئېكەن. ھەممە ياقىلىپ-
غان نەرسەلەر نىڭ .. لارى تېزەك بولغاچقا
يۈز-كۆزلىرى ئىسلىشىپ قاراپ كېتۇر ئېكەن.
ئەسلى طبيعتى شۇنداغمو ياكى قالاقلىقىنىڭ
عادەتى بويۇنچە يويۇش وە يويۇنۇشنى خاھ-
لىمامدۇ نېمە بولسا بولسۇن ئەضالىرىدا سو
تەگكەنلىك نشانەسى كۆرۈنمەس ئېدى.
بز كېلىش بىلەن بۇ كىچىك قشلاقنى باپلىرى ھەم
كىلىپ يەتتى. قۇلاقىغە چىچ ئورنوتولغان كو-

هوش هەلقە سالناق اوستىگە بىر قەۋەت يېغىلغان.
بو كىشىنىڭ بىرنەچچە مىڭ مال ئىگەسى بولو-
شىغا قاراماي قولاقتى يانا يوقورىلا ئەيتىپ اوت-
كەنلىكى ئولدى.

## كيىم فورماسى وە اوى ياساش اوسلوبى

بىز شارقىدىن لاداخقا كىرگونچە دور گوت،
سىخت، لەبىدو دېگەن قىشلاقلارنى بېسىپ
اوتكەندە لاداخقا كىرىپ ھەم توردوق. ھەممىنە
كىيىم فورماسى دەرخىل اوزون قالپ تىكىلگەن
يانلاچىكى بار ٤ فەسىلە چقان دولوب، قارا ئەر
قولاقلارىنىڭ كىيىمىگە اوخشاش. اخطىيچە قالپ
ئەيزقانلا، چى بو دېگەن كىيىم فورماسىدىن ھىبا-
رەت ئىدى. تولاسىنىڭ پوتلىرىلا اوزى تىكىپ
ئالغان قاپاغ كىيمى بار. اولارنىڭ رەڭلەر ئىچىدىن خىل
لاپ ئالغان رەڭگى گوشرەڭ قىزىل. ايرخوتونىڭ
كىيىمى بورە رەڭلە قايرىماسى يوق. ئەرلىرىنىڭ تار-
قاسىدا بىردانە اوزون چاچى بولوب، بېلىگى چاچ
اوستىدىن قوشاپ باغلاپ قالىدىغان خاتون-
قىزلىرىنىڭ ايرلەردىن قايرىماسى ايككى قولاقى-

ننگ اورنیدا ایلننه قولاقیده‌گی قاراقوی تیوه-
سویلیین قیلغان ایککی قولاق باره 6 بارماق گه‌گه
ایکلده، بوییدور اوزون اولوقلدا برفارچه‌گه چونی
هو گیم اوز اوقتلار اوریدا لایق بایلری ئالتون ئاریلاش،
قبرلاری کوموش ئاریلاش اورنوتوب، یاپیقی
ایککی قولاق ئاریسیغا پشانه‌دین اورقا بولگه-
چیلک او ز ایچیم بو کیچپ ئالور ئیکه‌نلهر. ایولار
ننگ بعضیلاریده بار، بعضیلده یوق. امما خاتون-
قزلار ننگ همه‌سینینگ اوچاسیدا سوکن (تگورمن
قاشی اوستیده ئاش قوییوش ئوچون قلغان
ئاستی کچیک، اوستی کهلک برسیدا) گه اوخ-
شاغان چیلیین یاسالغش برسیدا. خالی
یاش بولسون، خاصی قیری بردانه ایچکو
تیروسی بار. ئیشلاریچه بو ایچکو تیروسی
اولار اوچون حرمتی نرسه بولور، تویلوقده
هم ئایدم کر کوزوالور ایکه‌ن. بزنینگ لاداخده
کرگن کونلریمز بوجایلیککی یهرلک خلق ننگ
برتورلوک دیفی بایرامیغا توغری کیلیپ قالدی.
عید مناسبتی باشقه هم اوزلاریدا عیدلق
کیمهلری بالق کیینگهن بولسامو، لیکن همه-

سېمىنىڭ ئۆچاسىدا شۇ ئىچكى تورۇسى
ھەمان بار ئىدى؛

ئويلەرى ئىككى قاتى 3 قەبەت قلىپ تاشلىرىن ياسالغان بولوب، ئاستىنقى قەتى ھەۋالەر ئو- چۈن مخصوص قىلىنغان. خاھى شەھەر، خاھى صحرالەردا بولسۇن توبەنكى قەتى قەطلاھىب ۋاقلەرگە. ئويلەرىنىڭ تاشقى كۆرونۇشلەرى خيلى گۈزەل. ھەربىر ئويگە ئىككىلەين دەريچە قويغان. لېكىن بو دەريچەلەر تولىمۇ كىچىك بولوب، ئىنك چوڭ دەريچەنىڭ ئوزونلوقى بىر- يېتىردين ئاشماسلىكى كەرەك. تامەلرى ئاقلانغان، دە- رىچەلەرى قىزىللىق بىلەن بېزەلگەن بولىدىكەن؛

## دينى عرف-عادەتلەرى

بوجايدىكى يەرلىك خەلقنىڭ دىنى لاماغا- قىنىڭ دينى بىلەن بىر بولوب، لاماغا اطاعت ئو- لەردە تولىمۇ كۈچلۈك. قشلاق ۋە شەھەر اطراف- لەرىدا قارالىغۇزمە چايدا ئادەم بويى يو- لاق باشلىق قەلب ياسالغان فوتەيلەرنى كۆرۈسىز. ئىچىدە ئوت قالاشقا قىلىنغان جاي بار. بو ئو-

لەرنىڭ بوتلەرى بولوب، مانى دەپ قاتاپ قالىدى-
گەن. معلوم بر واقتىدا اولار بوماقىلەر ئۈچۈ-
گە اوت قالار ايكەن. يـانا يول اوستى-
لەرىدە بر كشىنىڭ يا بر نەچچە كشىنىڭ ياكـــى
بر مەحەللە و شەھەر اھالىسىنىڭ بولىشىپ قوروب
ئىشلىگەن سىفىل سىگارى دوبەلـەر كـوز-
گـە ئوچـرايدو بو دوبەلـەر اوستى-
نىڭ ھەممە جايى مانغولچە خط اويالغان تاش-
لار بىلەن قالاقويماسلىقى يوپولغان بولىدىكەن.
اولار اوز اعتقادلىرىدا اوڭدىن صول طرەف-
نى قارتوغراق بلسەلار كېرەككى، ھەرقاچان
يوقورىدا قەيتقان مانىلار يانىدىن اوتكەندە
مانىلارنى چەپ قول طرەفىگە ئىلىپ ماڭادى-
گەن، بعضى لامالارنىڭ قولىدا ھەمىشە ياسال-
غان چور گولوتوش قالتى بولوب بـونى
چەپ قولى بىلەن توتقونى حالدا ھەر دائـم
قەتور ئايلاندورار ايكەن. قولىدىكى تسبىح-
لەرى چەپ قولىدا بولوب سەويلشى قەتور.
بزنىڭ لاداخدا تورغان واقتىمزدا خــەنــزو-
لارنىڭ چاغانلەرى يەتىپ كەلدى، خودى مانا

شو چاغنىڭ اوزىدە لاداخ خەلقىنىڭ ھەم مىللى
عىيدى باشلاندى. بو مىللى عىيد يەرلىك خەلقنىڭ
كونا خانلارىنىڭ اوردىسى بولغان تاغ تو-
قەسىگە سېلىنغان 9 قەبەتلىك بىر بىنادا اوتكۇزۇ-
لور ايكەن. بىز ھەم تاماشا اوچۇن چىقتۇق.
اولارنىڭ مىللى اويونلارى باشلاندى. گرىم
قىلىنغان ئارتىسىت، ئارتىسىتكىلارى مەيدانغا چىق-
تى. خطاى چاكچىلەسىنىڭ خودى اوزى.
كەيگەن كىيىملەرى، چالغان موزىكا ئەسبابلارى،
ھەركەتلەرى فەقەت خطاى تىياترىنى ئەسلىتىپ
تۇراتتى: بىنانىڭ اوستىدىكى قەبەتىدە كونا
خانلىق قالدۇق ئەولادىدىن بولغان بىر كىشى
كونا خانلىق تەختى اوستىدە اولتۇرار ئى-
كەن تەختنىڭ اوستىدە كونا ئەدەر گول-
لوق خطاى تاۋارىدىن قىلىنغان كورپىلىك يار.
بىچارە لاداخ خەلقى بو كىشى ئالدىدا گرىپتار بو-
لور سالام قىلىپ تاپىنار ايكەنلەر!
8 كۈنلۈك عىيد تامام بولغاندىن كىيىن مىل-
گۈر خان بىلەن تاغچى گىيىپ ئاقارىدا ھەم تاغ
چولارى ئاقاشىپ اوز ئەولادلارى ۋە لاداخ يەرلىك

خەلقلەرىن بولغان بر مونچە كشىلەر بلەن قاتنا-
لىنىپ شەھەرنى بر قانچە قاتار قايناپ چقتى. قەدى-
تشلەرىچە بو حال اوزلەرىنە كوهنا خانلىق مە-
ملىق دەورىنى خاطرلاپ اوقوشلىرىن عبارەت
ئىكەن. حەقىقەتتە بو قايناش اوتمۇشنىڭ بر
نەمونە استقلالى ايدى،

بو قايناش تۇگۇگەنلىن كيىن قات
چىقىش مراسىمى 'اوتكوزولوب' ملى ھيدلارى
تامام بولدى.

عيدلارى اوتكەش بلەن تەلىك اولارنىڭ دينى
مراسىمى باشلاندى. بو مراسىم 3 كون بو-
لوب بو وقتلا لاما طرەفىلىن باش-قورولوب
خالص دينى عبادەت قىلىندى. اولار بو 3 كون
ئىچىدە هر كونى كيچەسى بلەن قوشوب اوز
مانىلەرىنى قايناپ چقتى. اينىڭ قاخرقى بر
كونى لاماغا اطاعتلارىنى بلدوروىدان سوز-
لارنى توولاب شەھرنىڭ بتون كوچالرىنى هر
قەدەمدە بردىن سجدە قلش بلەن يوروب تا-
مامايدى. اولارنىڭ بو سجدەلرى بوتون اە-

خاسی بلەن اورالقنیب دوم یاتقان شکلدە
تورادی:

## اولار اوز تورموشیدا کهنا مللەتینی ساقلاب قالغان محنتچان خلقدور

خلاصە قلب ئېیتقاندا لاداخ خلقی اوز تورموشیدا کهنە مللیتینی ساقلاب قالغان خلقدور. اولارنینك تورموشیدا هیچ قانداق یېڭیلیق یوق.

کییمنینك تازا وە نظافتلك بولوشیغا اعتبار قلماسدین فقط بولوشیغا اعتبار قلینیدو. اوی سایمانلاریدەك ئەڭ کوب قسمی مس وە تومردین بولوب، کییملارینینك رختی اوزلاری توقوغان رختدین عبارەت. اولار ئېڭەکدین قاچمایدیغان خلقدور. خاتونلاری اوچاسیدیکی سوکەنگە بالاسینی سېلیب یودوب یول ماڭیشینی حالدا قولیدا کییم قلش اوچون یوڭ

اگرچه میخشنی ایدی کورمه‌یمیز؛ اوزاق جای-
لاردین سه‌مان، ایپلارنی یودوپ ایپ کریپ
سیتیپ چقم کیتیدو. قالایدیغان نرسه‌لرینینگ تو-
لاسی تیزه‌ك؛ بای تورموشقا ایگه بولغانلاری
هم اوزلرینینگ شو مللی کونه عادتلریدین
قانچه چقمکه چقماغان.

خلقلاری ساده دیل بولوپ، یالغان سوزله-
لش وه کشی قالداش ایشلاری اونچه یوق.
سودا دا قارتوق بها قویوش ایشلاری کم بولوپ،
بر دکاندین برمیلیونلوق سودا قلیپ بر-
قانه (بر روفیه نینگ 100 دین برسی) بهابیشی
بیریپ قویوپ کتسه‌نگز، شو بر میلیونلوق مال
بها ایشی بربیریم میلیونغا چقسا، سز برقایتیدین
کیلیپ مذکور مالنی طلب قلسه‌نگز مالینگزنی
بیریپ سزدین قالغان پولنی قالیدو. اولارده
سوزگه ایشینش شونداغ کوچلوق. دیمه‌ك
اولار اوز کونه ملتینی ساقلاپ شورو وقتدا اوسکه‌ن
وه‌ییلقانچیلق بله‌ن بولغانیدغان صاف خلقلاردور.

مانابو يوقوريديكيلار مەنينگ لاداخ يوليدا
باشليتين كوچورگەنلەريم و لاداخ خلقىنىڭ تور-
موشيليرين قسقىچە بلگەنلەريم دور.
عفو ايتەسىز. واقتىڭىز بوشقا كەتكەن
بولسا هم.

بهاسی 200 دوللار